سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

# پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى

1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار»نى ئېلان قىلىپ، پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى تۇنجى قېتىم رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ دىققىتىنى كەڭ دائىرىدە قوزغىدى.

پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پەن ـ تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن ئىدىيەسىدىن كەلگەن. 1977 ـ يىلى، دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: «بىز زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇھىمى پەن ـ تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك» «قۇرۇق گەپكە تايىنىپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، چوقۇم بىلىم بولۇشى، ئىختىساسلىقلار بولۇشى كېرەك». 1988 ـ يىلى، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «پەن ـ تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دەپ كۆرسىتىپ، پەن ـ مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشنىڭ باشلامچىسى قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

1995 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار»نى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ ئايدا، بۇ قارارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بېيجىڭدا مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا يىغىنىنى ئاچتى. جياڭ زېمىن يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش پەن ـ تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن ئىدىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا بىلەن مائارىپنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئورنىغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى ھەم ئۇنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا سېلىپ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، قۇدرەت تېپىشىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ».

1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا رەسمىي تەستىقلانغان «خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ‹9 ـ بەش يىللىق› پىلانى ۋە 2010 ـ يىللىق كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى مۇھىم يېتەكچى فاڭجېن ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى سۈپىتىدە دۆلەت ئىرادىسىگە كۆتۈردى. 1997 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيەلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى بىرلىكتە يېتىشتۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش»تىكى مۇئەللىمى جاڭ يۈجېن بىلەن بولغان ھېكايىسىدىن ھەمبەھىرلەندى.

شۇ كۈنى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ مەكتەپتىكى «ئۆچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش»تىكى ئىلغار ئورۇنلار، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى باش تېما تەربىيەسى جەريانىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشنى تۇتقا قىلىپ، مەۋقەنى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنى جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەشكە قويۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرىدىغان ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتتى.

شىنجاڭ داشۆسى باش شۇجىسى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى باش تېما تەربىيەسىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، مۇھاكىمە قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلدى، مەكتەپ رەھبەرلىرى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قاراتمىلىق ھالدا مەسىلىلەرنى تېپىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي تۈزىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ داشۆسى قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان كادىرلارنى 230 ئادەم قېتىم قاغىلىق ناھىيەسىگە بېرىپ تۇغقان يوقلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما قىلىنغان سەككىز مەيدان چوڭ تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى، 25 مىڭ يۈەن پۇل، 610 دانە بۇيۇم ئىئانە قىلدى.

ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇدى، «تۇغقانلار»نىڭ ھال ـ ئەھۋالى ئېلى سىفەن داشۆسىدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ غېمى بولۇپ قالدى. 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئېلى سىفەن داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى چەي لىن كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى باشلاپ مەكتەپنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمەت نۇقتىسىغا بېرىپ، قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان 100 ئائىلىگە قىشلىق كىيىم ـ كېچەك ئاپىرىپ بەردى. چەي لىن مۇنداق دېدى: «بۇ يەردىكى ھەربىر كەنت ئاھالىسى بىزنىڭ تۇغقىنىمىز، بىز دائىم بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، دائىم پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتۈش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، ھەر مىللەت خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇشتەك قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىمىز».

قەشقەر داشۆسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ياقۇپ تۇردى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەكتەپ باش تېما تەربىيەسىدىكى تەلەپكە سېلىشتۇرۇپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، «ئۆچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، كىتاب ئوقۇش يىغىلىشى، مۇنازىرىلىشىش مۇسابىقىسى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ۋاستىلەرنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى قەشقەر داشۆسىدە ئېچىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشتى.

# زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ تاكامۇللاشتۇرۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا تىرىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ تاكامۇللاشتۇرۇپ، خاس باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش 1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ـ كەنت كەسپلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتى، شىنجاڭنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يېڭى ئۆزگىرىشكە پائال ماسلىشىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خاس باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ خاس كەسىپ ۋە خەلقنى بېيىتىش كەسپىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار مېۋىلىك باغلارنى رەتلەش، ئوغۇتلاپ دەرەخلەرنى ياشارتىش، شالاڭلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش، چېچەك شالاڭلىتىش، مېۋىنى شالاڭلىتىش ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، تېخنىكا تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى؛ ئۈلگە كۆرسىتىش بېغى قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلىپ، تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇردى؛ ئاپتونوم رايون تۈرۈشقا ئەۋەتكەن باغ ـ ئورمان پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى ئۆمىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، باغ ـ ئورمان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تىرەك بولۇش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. بولۇپمۇ زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، پۇختا تۇتتى، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىپ، «قىشلىق ھۇجۇم» قوزغىدى؛ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، «يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇل»نى بىرلەشتۈرۈپ، ئەسقاتىدىغان، ئۈنۈملۈك بولۇشقا تىرىشتى؛ پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، سىجىل تۈزەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى ۋە مېۋە ـ چېۋە سۈپەت بىخەتەرلىكى توسۇقىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، زور ئۆسۈملۈك يۇقۇمىنى كۆزىتىش ـ سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. خەۋپ ـ خەتەر ئېڭى ۋە تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مېۋىلىك باغلارنى رەتلەش، چېچەك مەزگىلىدە ئالدىنى ئېلىش، پۈتاش، ئىلمىي باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاش، قاراڭغۇ رايون قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تۈرگە ئايرىپ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەپ، تېخنىكىلىق يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە، تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنىڭ ئېتىزلارغىچە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇش، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى ئۆزى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش، يېتەكلەش، تۈرتكە بولۇش جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىپ، دېھقانلار ۋە ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى خادىملىرىنى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك «يەرلىك چارە»لەرنى ئېتىزلاردا قوللىنىش كېرەك. پەن ـ تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەتقىقات ئىختىساسلىقلىرىنى پائال كىرگۈزۈپ، تەربىيەلەپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچلۈك پەن ـ تېخنىكا تىرىككە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن دۇڭ شىنگۋاڭ، جاۋ چىڭ، ماغاۋ سېيىتقامزا يىغىنغا قاتناشتى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ۋېي شىڭلۈ: ئۆزى يالغۇز ئىككى قارا نىيەت بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، يېشىل تاغنى قانغا بوياپ، ساقچى روھىنى تاۋلاش



ۋېي شىڭلۈنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر خۇاڭ ياۋتېڭ)** گۇاڭشى رۇڭئەن ناھىيەسىنىڭ ياياۋ يېزىسى داچىن كەنتى تۇڭجياتۇندىكى تاغ ئېتىكىدە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرى بازارغا بېرىش ئۈچۈن دائىم ماڭىدىغان تاغ يولىنىڭ تاشلىنىپ قالغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغانىدى. ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن بۇ چىغىر يولدا، رۇڭئەن ناھىيەلىك ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىسى مىڭ مىڭ ھېلىمۇ ناھايىتى تېزلا ئاشۇ جاينى تاپالايتتى، دەل مۇشۇ يەردە، ئۇنىڭ بىر سەپدىشى ئۆزى يالغۇز ئىككى قارا نىيەت بىلەن ئېلىشىپ، بەختكە قارشى تۆت يېرى پىچاق بىلەن زەخىملىنىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. ئۇ دەل ۋېي شىڭلۈ.

ۋېي شىڭلۈ 1963 ـ يىلى، گۇاڭشىنىڭ رۇڭئەن ناھىيەسى ياياۋ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1981 ـ يىلى 18 ياشقا كىرگەن ۋېي شىڭلۈ ۋەتەننىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ، قىسىمدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توققۇز قېتىم تەقدىرلەنگەن. 1985 ـ يىلى ۋېي شىڭلۈ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا قاتنىشىپ، رۇڭئەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خېدۇڭ ساقچىخانىسىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسى، ياياۋ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى، ياياۋ ساقچىخانىسىنىڭ يېزا ساقچىسى، ياياۋ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان.

1985 ـ يىلى، ۋېي شىڭلۈ ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىپ، رۇڭئەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسى بولغان، ئاساسلىقى ناھىيە بازىرىدا يانچۇقچىلارغا قارشى تۇرۇش ۋە چارلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. كۈندۈزى ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە رۇڭئەن ناھىيەسى چاڭئەن بازىرىدىكى پىرىستان، ۋوگزال قاتارلىق جايلارنى چارلىغان؛ كەچتە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن خېدۇڭ ساقچىخانىسىنىڭ كېچىلىك چارلىشىغا قاتنىشىپ، كېچىدە ئوغرىلىق قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلغان. خىزمەت ئىپادىسى ئاكتىپ بولغاچقا، ۋېي شىڭلۈ ناھايىتى تېزلا ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىكى تايانچ كۈچكە ئايلانغان. 1986 ـ يىلى، ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى خىزمەتتىكى گەۋدىلىك ئىپادىسىگە ئاساسەن، «مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئامانلىق باشقۇرۇش ئورنى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

1987 ـ يىلى، ۋېي شىڭلۈ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كادىرلاردىن ساقچى قوبۇل قىلىش يولى بىلەن، رۇڭئەن ناھىيەسى ياياۋ يېزىسىنىڭ يېزا ساقچىسى، خەلق ساقچىسى بولغان. «مەيلى ئالدىنقى سەپ قانچىلىك خەتەرلىك بولسۇن، جىددىي ئەھۋالغا يولۇققاندا ئۇ ھەمىشە سەپنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى» دېدى ۋېي شىڭلۈ بىلەن ياياۋ يېزىلىق ساقچىخانىدا بىللە ئىشلىگەن مىڭ مىڭ.

1988 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ۋېي شىڭلۈ ساقچىخانىدىكى يەنە بىر خەلق ساقچىسى بىلەن گۇاڭشىنىڭ گۈيلىن شەھىرى يۇڭفۇ ناھىيەسى شوۋچېڭ يېزىسىغا بېرىپ زاڭ مالنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولغانىدا، شوۋچېڭ ۋوگزالىدا دېلو سادىر قىلىپ قېچىپ يۈرگىلى يېرىم يىلدىن ئۇزاقراق بولغان باسقۇنچىلىق، ئوغرىلىق دېلوسىدىكى جىنايەتچى لىن X جيەنىنى ئۇچرىتىپ قالغان، شۇ چاغدا لىن X جيەنىنىڭ قولىدا چوشقا ئۆلتۈرىدىغان قىڭراق بار بولۇپ، ۋېي شىڭلۈ جىنايەتچى لىن X جيەنىڭ ھەر ۋاقىت پىچاق كۆتۈرۈپ قاتىللىق قىلىش خەۋپى بارلىقىغا قارىماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ باتۇرلۇق بىلەن ئۇنى تۇتۇپ دېلونى ئاخىرلاشتۇرغان.

1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئەسلىدە ئۆيىدە ئارام ئېلىشقا تېگىشلىك ۋېي شىڭلۈ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ساقچىخانىغا بېرىپ نۆۋەتچىلىك قىلغان. بۇ چاغدا ئاما ئۆزىنى «ۋېي ئائىلىسىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى» دەپ ئاتىۋالغان، ئەسلىي ئىسمى جاڭ Xسى بولغان، قېچىپ يۈرگەن ئوغرىلىق جىنايەت گۇماندارىنىڭ ياياۋ كوچىسىدا پەيدا بولغانلىقىنى مەلۇم قىلغان. ۋېي شىڭلۈ ساقچىخانىدىكى يەنە بىر خەلق ساقچىسى بىلەن بىللە ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىگە ئەگىشىپ، كوچىدا جاڭ Xسىنى ئىزدىگەن.

يولدا بەك تېز يۈگۈرگەچكە، يەنە بىر خەلق ساقچىسىنىڭ ئۈشتۈمتۇت ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ قالغان، ۋېي شىڭلۈ سەپدىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەرگەن. نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ يولدا قوغلىغاندىن كېيىن، جىنايەت گۇماندارىنى يىتتۈرۈپ قويغان، ۋېي شىڭلۈ تاغ يولى بويىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئۇنى ساقلىغان، ئۇزاق ئۆتمەي، جىنايەت گۇماندارى تاغ يولىدا پەيدا بولغان. ۋېي شىڭلۈ ئېتىلىپ بېرىپ جاڭ Xسىنى يەرگە بېسىۋالغان، جاڭ Xسى ۋېي شىڭلۈنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى بايقاپ، جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئىككىسى كەسكىن ئېلىشقان. ۋېي شىڭلۈ تەرىپىدىن بويىنى قىسىلىپ يەرگە چىڭ بېسىۋېلىنغان جاڭ Xسى تىركىشىپ شېرىكلىرىنى ياردەمگە چاقىرغان، شېرىكى ۋېي Xدۆەن ئېتىلىپ كېلىپ، ئارقا تەرەپتىن ۋېي شىڭلۈنىڭ بويىنىنى قىسىپ، ئۇنى يەرگە يىقىتقان، جاڭ Xسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىچاق چىقارغان.

ئۇچىغا چىققان ئىككى ياۋۇز قارا نىيەت ئالدىدا، ۋېي شىڭلۈ قىلچە قورقماستىن باتۇرلۇق بىلەن قايتۇرما زەربە بەرگەن. ئېلىشىش جەريانىدا، جاڭ Xسى ۋېي شىڭلۈگە ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت قېتىم پىچاق تىقىۋەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىملىق پىچاق ۋېي شىڭلۈنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتكەن، ۋېي شىڭلۈ بەختكە قارشى نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئاران 28 ياشتا ئىدى.

ۋېي شىڭلۈ قارا نىيەتلەر ئالدىدا قىلچە چېكىنمەي، ياشلىق باھارى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن شانلىق ساقچى روھىنى تاۋلاپ، پارتىيەگە سادىق، ۋەتەنگە سادىق، خەلققە سادىق، قانۇنغا سادىق بولۇشتەك جاراڭلىق قەسەمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن. 1992 ـ يىلى، ۋېي شىڭلۈگە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن، شۇ يىلى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلانغان.

ۋېي شىڭلۈنىڭ ئاكىسى ۋېي شىڭيۇڭنىڭ ئۆيىدە، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى تارقاتقان «ئىنقىلابىي قۇربان گۇۋاھنامىسى» ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تارقاتقان ئۈستىگە «جامائەت خەۋپسىزلىكى قەھرىمانلىرىنى جۇمھۇرىيەت ئۇنتۇپ قالمايدۇ» دەپ يېزىلغان خاتىرە تاختا مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىپ قويۇلغانىدى. ئوخشاشلا ساقچى بولغان، تۆمۈر يول جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىن پېنسىيەگە چىققان ۋېي شىڭيۇڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىككى نەۋرىسى بار. «مەن دائىم ئۇلارغا ئۇكامنىڭ قارا نىيەتلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقان ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئەگەر كېيىن ئۇلار ساقچى بولىمەن دېسە، مەن چوقۇم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايمەن» دېدى ۋېي شىڭيۇڭ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)